ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

# ئادىللىقتا چىڭ تۇرۇش ئۆمۈرلۈك ئېتىقادىم

## ـــ شىخەنزە شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ سابىق تەپتىشى جاڭ بياۋ توغرىسىدا

يېنىمىزدىكى ئۈلگىلەر

□مۇخبىرىمىز جېڭ جو

6 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، 68 ياشلىق جاڭ بياۋ ئەمدىلا شىخەنزە شەھىرىدىن ئۈرۈمچى شەھىرىگە قايتىپ كېلىپ، ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن جەم بولۇش پەيتىدىن بەھرىمەن بولۇۋاتقاندا، ھەر خىل ياردەم سوراپ، مەسلىھەت سوراپ بىرىلگەن تېلېفونلار ئۇزۇلمەي ئۇنىڭغا ئارام بەرمىدى. بۇ ئىشلارغا جاڭ بياۋ ئاللىقاچان كۆنۈپ كەتكەنىدى.

بۇلتۇر بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ 40 يىللىقىنى تەبرىكلەش يىغىنىدا، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن 100 يولداشقا ئىسلاھات ئاۋانگارتى، دەپ نام بەردى، جاڭ بياۋ جەمئىيەت ئادىللىقى، ھەققانىيلىقنى قوغداشتىكى نەمۇنىلىك تەپتىش سالاھىيىتى بىلەن بۇلارنىڭ ئىچىدىن ئورۇن ئالدى.

بىر تەپتىش بولۇش سۈپىتى بىلەن، جاڭ بياۋ 30 نەچچە يىللىق تەپتىشلىك خىزمىتىدە باشتىن ـ ئاخىر بىر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ مەسئۇلىيەتچانلىقى بىلەن ئەدلىيە ئادىللىقىدا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەت قانۇنىنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداپ، خەلقنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىپ، مەسئۇلىيىتى، بۇرچى ئارقىلىق پارتىيەگە كىرگەندىكى ئەسلى مەقسىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ كەلدى.

### ■كۆڭۈل قويۇپ دېلو بېجىرىش دەۋالاشقۇچىلارنى كۆڭۈلگە پۈكۈش

جاڭ بياۋ ئىلگىرى شىخەنزە شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ ئاددىي تەپتىشى ئىدى. «تەپتىشلىك خىزمىتىدە ئەستايىدىللىقلا كۇپايە قىلمايدۇ، يەنە ئۇنىڭغا كۆڭۈل قويۇش كېرەك.» جاڭ بياۋ مۇنداق دېدى: ھەربىر ھالقىنى ياخشى تۇتۇپ، ھەربىر دېلونى ياخشى بېجىرىش تەپتىشلەرنىڭ قىلىشقا تېگىشلىك ئىشى.

1980 ـ يىلى جاڭ بياۋ تەپتىش ئورگىنىغا رەسمىي كىردى، بۈگۈنگىچە ئۇ يەنە پېشقەدەم تەپتىشلەرنىڭ ئۆزىگە بەرگەن تەلىمنى ئېسىدە چىڭ ساقلاپ كەلمەكتە. ياش ۋاقتىدا ئۇ ئامىنىڭ جىسمانىي بىخەتەرلىكىگە چېتىلىدىغان بىر دېلونى بېجىرىشكە قاتناشقان، گۇرۇپپىدىكى بارلىق كىشىلەر قايتا ـ قايتا تەكشۈرۈپ، ئىسپات ئالغان بولسىمۇ، دەلىل ـ ئىسپات باشتىن ـ ئاخىر تولۇق بولمىغان. «مەن ئەينى چاغدا سەل تاقەتسىزلەندىم، ئەمما پېشقەدەملەر ماڭا ھەرقانداق بىر دېلودا چوقۇم سەۋرچان بولۇپ، ھەربىر تەكشۈرۈش ئوبيېكتىغا كۆڭۈل قويۇپ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى، تەپسىلاتنى چىڭ تۇتۇپ، ئىنچىكە تەكشۈرۈش ئارقىلىق، ئاندىن مەسىلىنى بايقىغىلى، دېلونى تەكشۈرۈپ ئايدىڭلاشتۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى» دېدى جاڭ بياۋ.

قانۇن ئادەمگە يۈرگۈزۈلىدۇ، ئىش كىچىك بولسىمۇ ئېھتىياتچان بولۇش كېرەك. جاڭ بياۋ پېشقەدەملەرنىڭ تەلىمىنى كۆڭلىدە چىڭ ساقلىدى ھەم 30 نەچچە يىل ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، بېجىرگەن ھەربىر دېلوغا سىڭدۈردى.

شىخەنزە تۇرمە رايونىنىڭ تەپتىشلىكىنى ئۈستىگە ئالغان مەزگىلدە، بىر جازا ئۆتىگۈچى باشقۇرۇشقا بويسۇنمىغان، بەلگىلىمە بويىچە قاتتىق باشقۇرۇش كېرەك ئىدى. جاڭ بياۋ بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، قاتتىق باشقۇرۇش رەسمىيىتىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈپ، نامۇۋاپىق تەرەپلىرىنى بايقىمىغان، بۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ جازا ئۆتىگۈچىنى نەچچە قېتىم ئىزدەپ سۆھبەتلەشكەن، پاكىتلارنى قايتا ـ قايتا ئالدىغا قويۇپ، داۋلى سۆزلەپ، ئىستىقبالى ئۈستىدە پاراڭلىشىپ، ئۇنىڭ ھالىغا يەتكەن، ئاخىرى بۇ جازا ئۆتىگۈچى خاتالىقىنى تونۇپ، ئاكتىپ ئۆزگەرگەن، ئىپادىسى ياخشى بولغاچقا، قانۇن ـ بەلگىلىمە بويىچە جازا كېمەيتىلگەن.

جاڭ بياۋ مۇنداق دېدى: تەپتىش بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، چوقۇم قارشى تەرەپنىڭ نۇقتىسىدىن مەسىلىنى ئويلىشىمىز، قارشى تەرەپنىڭ كەيپىياتىنى كۆڭۈل قويۇپ ھېس قىلىشىمىز، ھەقىقىي ھالدا باشقىلار ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىشىمىز كېرەك. بۇ، لاياقەتلىك بىر تەپتىشنىڭ تولۇق ئادا قىلىشقا تېگىشلىك ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى.

### ■قانۇننى ئادىل ئىجرا قىلىش ھەم ئۇۋال قىلماي، ھەم قويۇۋەتمەي ئادىللىقنى نامايان قىلىش

30 نەچچە يىللىق كەسپىي ھاياتىدا، جاڭ بياۋ بېجىرگەن ھەربىر دېلودا قاتتىق ئېھتىياتچان بولدى ھەم بەزى چوڭ دېلولارنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بېجىرگەنلىكتىن كۆپ قېتىم ئالاھىدە شەرەپكە ئېرىشتى. بۇلارنى جاڭ بياۋ پەقەت ئۆزىنىڭ ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتى دەپ ھېس قىلدى.

«قانۇنچىللىق قۇرۇلۇشى تەجرىبە ـ ساۋاق قوبۇل قىلىش ئاساسىدا ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللىشىش جەريانى.» جاڭ بياۋ: تۇرمە رايونىدا تەپتىشلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىش داۋامىدا، جازا ئۆتىگۈچىلەر بىلەن ئالاقە قىلغاندا بەزى مەسىلىلەرنى بايقىدىم، دېدى. مەسىلەن، جازا ئۆتەش مۇددىتىنى ھېسابلاش، شەرتلىك قويۇپ بېرىش ھالقىلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە جاڭ بياۋ ئەستايىدىل، تەكرار تەكشۈردى، نازارەت قىلدى.

بىر قېتىم تۈرمىگە ئېلىش قانۇنىي ھۆججەتلىرىنى تەكشۈرگەندە، جاڭ بياۋ جازا ئۆتىگۈچى تەنXنىڭ ئىجرا قىلىش ئۇقتۇرۇشىنىڭ ھۆكۈمنامىدە خاتىرىلەنگەن جازا مۇددىتى بىلەن بىردەك ئەمەسلىكىنى بايقىدى. جاڭ بياۋ دەرھال ئەسلى ھۆكۈمنى چىقارغان سوت مەھكىمىسىگە ئالاقە ئەۋەتىپ تۈزىتىش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى، سوت مەھكىمىسى ناھايىتى تېزلىكتە تۈزىتىپ، تەنXنىڭ جازا مۇددىتىنى قايتىدىن ھېسابلىدى ھەم يېڭى قانۇن ھۆججىتى يەتكۈزۈپ بەردى.

«جاڭ مۇئەللىم ئىشنى ئەستايىدىل، قەتئىي قىلىدۇ» دېدى جاڭ بياۋنى ئىزچىل ئۇستاز ئورنىدا كۆرۈپ كەلگەن شىخەنزە شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى جىنايى ئىشلار ئىجرا بۆلۈمىنىڭ بۆلۈم ئەزاسى، ئىشتاتلىق تەپتىشى گاۋ چېن.

### ■خەلق ئۈچۈن قانۇن تەشۋىق قىلىش ئەسلى مەقسەتنى چىڭ ساقلاپ، پېشقەدەملىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش

2011 ـ يىلى جاڭ بياۋ پېنسىيەگە چىقتى، ئەمما تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى.

«مەن دائىم پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن تېلېفون ۋە خەتلەرنى تاپشۇرۇۋالىمەن، ئۇلار مەندىن قانۇن مەسىلىلىرى توغرىسىدا مەسلىھەت سورايدۇ.» جاڭ بياۋ مۇنداق دېدى: مەن ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە جاۋاب قايتۇرۇپ، ياردەم سورىغۇچىلارغا قانۇن جەھەتتە بەزى تەكلىپلەرنى بېرىمەن.

جاڭ بياۋنىڭ ھېس قىلىشىچە، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خەلق ئاممىسى قانۇن جەھەتتە بارغانسېرى «ئەستايىدىل» بولغان. «ئامىنىڭ ‹ئەستايىدىل›لىقى ھازىر كىشىلەرنىڭ قانۇنچىللىق قارىشىنىڭ كۈچىيىپ، قانۇن بويىچە ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قوغداش ئېڭىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئېشىۋاتقانلىقىنى، كىشىلەرنىڭ قانۇن ـ ئىنتىزامغا رىئايە قىلىش ئاڭلىقلىقىنىڭمۇ ئۈزلۈكسىز ئېشىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلىدى، بۇلار دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق ئىدارە قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىنىڭ ناھايىتى كۆرۈنەرلىك بولغانلىقىنى تولۇق چۈشەندۈرىدۇ.» جاڭ بياۋ مۇنداق دېدى: پېنسىيەگە چىققاندىن كېيىن، توختىماي ھەرقايسى جايلارغا بېرىپ لېكسىيە سۆزلىدىم، مەقسىتىم كوممۇنىستلارنىڭ بۇرچى ۋە كۈرەش روھىنى يەتكۈزۈپ، قىلچە بىخەستەلىك قىلمايدىغان، بوشاشماس روھقا ئىگە تېخىمۇ كۆپ تەپتىش خىزمەتچى خادىملىرىنى يېتىشتۈرۈش.

«مەن 1976 ـ يىلى پارتىيەگە كىرگەن، شۇ چاغدىن باشلاپ پارتىيەگە قەتئىي سادىق بولدۇم، ۋەتەنگە سادىق بولدۇم، خەلققە سادىق بولدۇم» دېدى جاڭ بياۋ.

2014 ـ يىلى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى ۋە شىخەنزە شەھەرلىك خەلق تەپتىش مەھكىمىسى پېنسىيەگە چىققان جاڭ بياۋنى ئالاھىدە تەكلىپلىك تەپتىشلىككە تەكلىپ قىلدى ھەم ئۇنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان ئىشخانا تەسىس قىلدى؛ شىخەنزە شەھەرلىك سوت مەھكىمىسى «جاڭ بياۋ مۇرەسسە ئىشخانىسى» تەسىس قىلدى؛ پۈتۈن شىنجاڭدىكى تەپتىش ئورگانلىرىنىڭ تۈرمە تەپتىش تارماقلىرى بىردەك «جاڭ بياۋ ئىش ئورنى» تەسىس قىلدى.

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونىنىڭ باش تېما تەربىيەسى بويىچە مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىش ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى لى پېڭشىن يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: سىياسىي يۈكسەكلىكنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تولۇق تونۇپ، قەتئىي ھالدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ بىرتۇتاش ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، مەخسۇس تۈزەشنى ياخشى تۇتۇشتىكى سىياسىي ئاڭلىقلىق، ئىدىيە ئاڭلىقلىقى ۋە ھەرىكەت ئاڭلىقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئۆزلۈك ـ كىسىل ئۆزى ئۈستىدە ئىنقىلاب قىلىش روھى بىلەن، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ، تۈرلۈك تۈزەش ۋەزىپىسىنى كەم ـ كوتىسىز دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارنىڭ شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، سادىق، پاك، مەسئۇلىيەتچان سىياسىي خىسلەتنى چېنىقتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: ئىلمىي ئۇسۇلنى ئىگىلەپ، ئەمەلىي، ئەسقاتىدىغان قاتتىق، ئەمەلىي تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، بوغما ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، ھەقىقىي قول سېلىپ قېيىنىغا تېگىش قىلىپ، ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىي ئۆزگەرتىپ، ئۇنىۋېرسال تەدبىر يۈرگۈزۈپ، ھادىسىنىمۇ، ماھىيەتنىمۇ تۈزەپ، مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىدە پۇختا نەتىجە ـ ئۈنۈم قازىنىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ تۈزەشنى تۇتۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي باش نىشان ئارقىلىق ئىدىيەنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، قەدەمنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، باش نىشاننى ئالغا سىلجىتىشنىڭ ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈمى ئارقىلىق مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى ئۆلچەش ۋە سىناش كېرەك. مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ تۈزەشنى تۇتۇپ، مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنىڭ ئاچقۇچلۇق نۇقتىسى، «ھالقىلىق تۇتقۇسى»نى ھەقىقىي تۇتۇپ، ئەمەلىيەتكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، بىر تۈر، بىر تۈردىن كونكرېت يېشىپ، بىردىن بىردىن كونكرېت ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش، يېڭى سەھىپە پۈتۈش كېرەك. بىرتۇتاش پىلانلاپ، ماسلاشتۇرۇپ تۈزەشنى تۇتۇپ، ھەم ھەركىم ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىش، زىچ ماسلىشىش، بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىش، تەڭ تۇتۇپ، ئورتاق باشقۇرۇش، مەخسۇس تۈزەشنى سىستېمىلىق، ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش، ھەم بىر قولدا مەخسۇس تۈزەشنى تۇتۇش، بىر قولدا كۈندىلىك خىزمەتنى تۇتۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەر ئىككىسىگە دەخلى يەتكۈزمەسلىك، قوش ئىلگىرى سۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئاممىغا تايىنىپ تۈزەشنى تۇتۇپ، ئامىنىڭ پىكرىنى كەڭ كۆلەمدە ئاڭلاپ، تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئامىنىڭ نازارىتىنى قوبۇل قىلىپ، تۈزەش نەتىجىلىرىنى ئامىنىڭ باھالىشىغا تاپشۇرۇپ، مەخسۇس تۈزەشنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنىڭ ئەمەلىيەتنىڭ، خەلقنىڭ، تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: تەشكىلىي رەھبەرلىكنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، تۈزەش مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قاتتىق، ئەمەلىي ھەيدەكچىلىك قىلىپ، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزم ئورنىتىپ، مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنىڭ ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشىگە كۈچلۈك تۈرتكە بولۇش كېرەك.

يىغىندا «ئاپتونوم رايونىنىڭ ‹ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش› باش تېما تەربىيەسى بويىچە مەخسۇس تۈزەش خىزمىتى لايىھەسى» ئوقۇپ ئۆتۈلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن ۋاڭ جۈنجېڭ، تيەن ۋېن، جى جېڭ، سارقىت ئاقان يىغىنغا قاتناشتى.

# تۇرسۇنىسانىڭ تۇرمۇشى مەنىلىك ئۆتمەكتە

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئەينى چاغدا، سىڭتىكى بەزى ئايال ئىشچىلار قايىل بولماي، نېمىشقا ئۇ كىشىلا مەسئۇل بولىدىكەن؟ دېيىشكەندى، بىسىم ئالدىدا، تۇرسۇنىسانىڭ پوزىتسىيەسى ئاكتىپ بولدى، ئەتىگەندە سىڭتا بىرىنچى بولۇپ كېلىپ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى قىلدى، دەم ئېلىش ۋاقتىدا تېخنىكىسى ئاجىزراق ئاچا ـ سىڭىللارغا يېتەكچىلىك قىلىپ ئۇلارنى تەربىيەلىدى، باشقىلار يېتەلمىگەن سۈيەت تەلىپىنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئورۇندىيالىدى، ئادەتتىكى كاشىلا كۆرۈلگەن ماشىنىنىمۇ ئۇ رېمونت قىلالىدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇ سىڭتا تەدرىجىي ئىناۋەت تىكلىدى.

«4 ـ نومۇرلۇق سىڭتا جەمئىي 35 ئايال ئىشچى بار، ھەممىسى يېقىن ئەتراپتىكى كەنت ئاھالىسى. بىزنىڭ خىزمىتىمىز تۇگمە تۆشۈكىنى تورلاش، تۇگمە قاداش، دەزمال سىلىش، ئوراپ قاچىلاش، ئەڭ مۇھىمى سۈيەت تەكشۈرۈش.» تۇرسۇنىسا مۇخبىرنى باشلاپ سىڭنى ئېكسكۇرسىيە قىلدۇرغاچ بىرمۇبىر تونۇشتۇردى.

ئازادە، يوروۋق سىڭتا شامال ناھايىتى ياخشى ئۆتۈشىدىكەن، مەيىن شامال چىقىقاندا ئىنتايىن سالقىن بولىدىكەن. «خىزمەت مىقدارى نورمال چاغلاردا، مەن كۆپچىلىكتىن ئۇنۇمنى ئۈستۈرۈپ، ئامال بار ئىسمىنا قوشۇپ ئىشلىمەسلىكنى تەلەپ قىلىمەن. بىز ئىشقا قاراپ ئىش ھەققى ئالىمىز، كۆپ ئىشلىسەك كۆپ ئالىمىز» دېدى تۇرسۇنىسا خۇش پېئىللىق بىلەن.

ئالدىنقى بىر مەزگىلدە، زاۋۇتقا چوڭ بىر زاكاز كەلدى، ئالدىدىكى سىخ ئۈستىنكى كىيىمنى پۈتكۈزۈپ بولۇپ، ئىشتاننى كىچىكپىرەك پۈتكۈزدى، 4 ـ نومۇرلۇق سىخ ئوراپ قاچىلاشقا ئامالسىز قالدى، لېكىن ۋەزىپىنى چوقۇم ئۆز قەرەلىدە تاماملاش كېرەك ئىدى. تۇرسۇنىسا كۆپچىلىكنى باشلاپ بەلگىلەنگەن مۇددەتتە تاماملاشقا تىرىشتى، ئۇ كۆپچىلىكنىڭ سۈرئىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىغا ئاساسەن خىزمەت مىقدارىنى مۇۋاپىق تەقسىملەپ، كەچ سائەت 11دە ئىشنى تاماملىدى. ئىشنى تۈگەتكەن شۇ دەقىقىدە، ئاچا ـ سىڭىللار تەنتەنە قىلىشتى، ئىتتىپاقلىق، ھەمكارلىشىش ئېلىپ كەلگەن مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسى كۆپچىلىكنى ھاياجانغا سالدى.

تۇرسۇنىسانىڭ سۆزمەن، ئۆزگە ئىشىنىدىغان، ئوچۇق ـ يوروۋق ھالىتىنى كۆرگەن مۇخبىر ئۇنىڭ ئىلگىرى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، بالدۇرلا ئوقۇشتىن توختاپ، ئۆيگە بېكىنىۋالغانلىقىنى، بىر ئېغىز گەپنىمۇ ئارتۇق قىلىشنى خالىمايدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدى.

«ھازىر مەن ئۆتمۈش بىلەن پۈتۈنلەي خوشلاشتىم، كىشىلىك تۇرمۇشۇمدا يېڭى باشلىنىش بولدى.» تۇرسۇنىسا مۇنداق دېدى: «ماھارىتى بولسا، خىزمىتى بولسا بەك ياخشى بولىدىكەن، كۆڭۈلدە ھاياتىي كۈچكە تولىمەن».

### ■كىشىلىك ھاياتتا ئىككى قېتىملىق بۇرۇلۇشنى باشتىن كەچۈرۈش

تۇرسۇنىسا كىشىلىك ھاياتتا ئىككى قېتىملىق بۇرۇلۇشنى باشتىن كەچۈرگەن، ئالدىنقى قېتىملىقى زۇلمەتكە تۇتاشقان، كېيىنكى قېتىملىقى يورۇقلۇققا تۇتاشقان.

«تولۇق ئوتتۇرىنىڭ 2 ـ يىللىقىدا، مەن دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسى بىلەن يۇقۇملاندىم.» تۇرسۇنىسا مۇخبىرغا ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشىنى سۆزلەپ بەردى، «شۇ چاغدا مەن دائىم قوشنىمىزنىڭ ئۆيىگە كىرەتتىم، ئۇ ئۆيدىكى ھەدەم مەن بىلەن پاراڭلىشىشنى ياقتۇراتتى، ماڭا ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ‹داۋلى›لىرىنى، مەسىلەن، ئاياللار يۈزىنى ئورىشى، نىقابلىق كىيىم كىيىشى، مەكتەپتە ئوقۇماسلىقى، ئۆيدىن سىرتقىمۇ چىقماسلىقى كېرەك، خىزمەت قىلىپ پۇل تاپسا تېخىمۇ بولمايدۇ، دېگەندەكلەرنى سۆزلەيتتى، كۆپ ئاڭلىغانسېرى قايمۇقۇپ كېتىپتىمەن، كېيىن يەنە ئوقۇشتىنمۇ چېكىندىم، ئىلگىرى ئۆگىنىش نەتىجەم يامان ئەمەس ئىدى».

تۇرسۇنىسانىڭ دادىسى بالدۇر تۈگەپ كەتكەن بولۇپ، ئانىسى ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئىككى ئىنىسىنى بېقىپ چوڭ قىلغانىدى، ئىقتىسادتا قىينالسىمۇ، لېكىن يەنىلا باللىرىنىڭ ياخشى ئوقۇپ، بىلىمگە تايىنىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىنى ئۈمىد قىلاتتى. قىزى ئوقۇشتىن چېكىنگەندە، ئانىسى ئازابلانغان ھالدا يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەنىدى: «سېنى تۇسۇپ قالالمىدىم، مەن يەنە نېمىمۇ دېيەلەيمەن؟»

ئۆيگە بېكىنىۋالغان كۈنلەر ياخشى ئۆتمىدى، تۇرسۇنىسا كۈندىن ـ كۈنگە جىمغۇرلىشىپ كەتتى، گەرچە دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەلىپى بويىچە تۇرمۇش كەچۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما كۆڭلىدە ئاشۇ «داۋلى»لارغا بويسۇنغاندىن كېيىنكى خۇشاللىق يوق ئىدى. ئۇلارنىڭ پەقەت ئىككى مولا يېرى بار بولۇپ، تېرىغان بۇغداي، كۆممىقوناقلىرى ئاران يېيىشكىلا يېتەتتى. ئائىلىسىنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس ئىدى، تۇرسۇنىسانىڭ بۇنىڭدىن كۆڭلى يېرىم بولدى، ئائىلىسىگە بىرەر ئىش قىلىپ بېرىشنى ئويلىدى ـ يۇ، ئەمما كۆڭلىدە گاڭگىراپ قالدى.

2017 ـ يىلى، كەنت كادىرلىرى ئۇنىڭ بىلەن سىرىدىشىپ، ئۇنىڭغا ناھىيەدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم ـ تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ ئۆگىنىپ، ھەم ئىدىيەسىدىكى گاڭگىراشنى ھەل قىلالايدىغانلىقى، ھەم ماھارەت ئىگىلەپ، كەلگۈسىدە ئىشقا ئورۇنلىشالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. تۇرسۇنىسا كۈنلىرىنى بۇنداق ئۈمىدسىز ئۆتكۈزۈشنى خالىماي، تەربىيەلىنىشكە قاتنىشىشنى قارار قىلدى.

تەربىيەلىنىش مەزگىلىدە، تۇرسۇنىسا دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى ۋە قانۇننى قېتىرقىنىپ ئۆگىنىپ، دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىنىڭ تەسىرىدىن تەدرىجىي قۇتۇلدى. تىككۈچىلىك ماھارىتى سىنىپىدا، ئۇنىڭ ئاساسى ئاجىز بولغاچقا، قوش يىڭنىلىق ماشىنىدا تىكىش تېخنىكىسىنى ئىگىلەشكىلا ئون نەچچە كۈن ۋاقىت كەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن تېخنىكىسى بارغانسېرى ياخشىلاندى. «ئۇ مەزگىلدە مەن ئىنتايىن بىرىلىپ ئۆگەندىم، تاماق ۋاقتىدىمۇ خىيالىم ماھارەت ئۆگىنىشتە بولدى» دېدى ئۇ.

«بىز تىككەن كىيىملەرنى كۆرۈپ بەكلا ھەيران قالدىم، كۆپچىلىك بازاردىن سېتىۋالىدىغان كىيىملەر ئەسلىدە مۇشۇنداق ئىشلەپچىقىرىلىدىكەن.» تۇرسۇنىسا ئىلگىرى ئۆيگە بېكىنىۋالغاچقا ھېچنېمە بىلمەيدىغانلىقىنى، تەربىيەلەش مەركىزىدە بىلىم، قانۇن ۋە ماھارەت ئۆگەنگەنلىكىنى، شۇنىڭغا ئەگىشىپ نەزەر دائىرىسىنىڭ كېڭەيگەنلىكىنى ئېيتتى. «بىز دائىم كىتاب ئوقۇپ، كىنو كۆرۈپ، يېڭى شەيئىلەرنى قوبۇل قىلىپ، تۇرمۇشنىڭ ئەسلىدە شۇنچىلىك قىزىقارلىق، گۈزەل ئىكەنلىكىنى بايقىدۇق» دېدى ئۇ.

### ■ئاچا ـ سىڭىللارنى باشلاپ بىللە ئۈسۈپ يېتىلىش

2018 ـ يىلى، تۇرسۇنىسا تەربىيەلەش مەركىزىدىكى ئوقۇشنى تاماملاپ خىزمەت تاپقاندىن كېيىن ئائىلىسىنىڭ ئىقتىسادىي شارائىتىمۇ ياخشىلاندى. «مېنىڭ مۇقىم خىزمىتىم ۋە كىرىمىم بار بولدى، ئايلىق مائاشىم 3000 يۈەندىن ئاشىدۇ.» تۇرسۇنىسا مۇنداق دېدى: «ئىنىمىمۇ ھازىر ئوتتۇرا تېخنىكومنى پۈتكۈزۈپ، بىر سولياۋ تۇرۇبا ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتىدا ئىشچى بولدى، ئائىلىمىزنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى».

پۇل تاپقاندىن كېيىن، تۇرسۇنىسا سېتىۋالغان تۇنجى نەرسە كىرئالغۇ بولدى، ئانىسى خېلى بۇرۇنلا سېتىۋېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، بىراق ئىلگىرى ئائىلىسى بەك نامرات بولغاچقا سېتىۋالالمىغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ يەنە ئائىلىسىگە تۇرغۇن نەرسىلەرنى سېتىۋالدى، يەنە دائىم ئانىسىغا يېڭى كىيىم ۋە ياخشى يېمەكلىكلەرنى ئېلىپ بەردى. «ئەينى يىلى ئانامنى ئۇمىدسىزلەندۈرۈپ قويغاندىم، ھازىر مېنىڭ ئىقتىدارىم بار، ئانامغا ئوبدان ۋاپادارلىق يەتكۈزىمەن» دېدى ئۇ.

تۇرسۇنىسا پادىچىلار ئىشتىنى، قىسقا يەڭلىك مايكا كىيىۋالغان بولۇپ، جىسمىدىن ياشلارغا خاس جۇشقۇنلۇق ئۇرغۇپ تۇراتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ھازىرقى ھالىتىنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدۇ، ھەر كۈنى ئىشقا بالدۇر بېرىپ، ئاچا ـ سىڭىللار بىلەن بىللە خۇشال ـ خۇرام خىزمەت قىلىدۇ، چۈشتە ئاشخانىدا چۈشلۈك تاماق بىلەن تەمىنلەيدۇ، مول مەزمۇنلۇق خىزمەت ۋە تۇرمۇش ئۇنىڭ كەيپىياتىنى بارغانسېرى ياخشىلىدى.

تۇرسۇنىسا ئۆزىنى تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلالايدىغاندەك ھېس قىلدى. تەربىيەلەش مەركىزىدە ئوقۇۋاتقاندا، ئۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىگە قاتنىشىپ، كەنتكە بېرىپ كۆپچىلىككە ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىپ، كۆپچىلىكنىڭ ئۇنىڭغا ئوخشاش دىنىي ئەسەبىي ئۇنسۇرلارنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ قالماسلىقىنى ئۈمىد قىلدى. بىر ئاي جەريانىدا، ئۇ نېمىنىڭ «ئەھمىيەتلىك ئىش» ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

ھازىر، ئاچا ـ سىڭىللارنى باشلاپ، بىرلىكتە تېخنىكا سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈش تۇرسۇنىسانىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇسى. «ھەربىر پۇقرانىڭ ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي مەسئۇلىيىتى بار، مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم كۆپچىلىكنى باشلاپ كۆپرەك پۇل تېپىپ، تۇرمۇشىمىزنى تېخىمۇ ياخشىلاش.» ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، سىڭتىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ كۆپىنچىسى نامرات ئائىلە بولۇپ، ئۇ يېڭى بارغاندا بەزىلەر ئىشنى كۆپ قىلالماي ئىش ھەققى ئاز ئالاتتىكەن، بۇنىڭدىن ئۇ تولىمۇ تىت ـ تىت بوپتۇ، شۇڭا ئۇ ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ تېخنىكا ماھارىتىنى ئۆستۈرۈشىگە كۈچىنىڭ بارىچە ياردەم بېرىپتۇ.

يۇ فېڭنىڭ مۇخبىرغا ئېيتىشىچە، تۇرسۇنىسا ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپلىقىنى ناھايىتى ياخشى قوزغاپتۇ، 4 ـ نومۇرلۇق سىخ پۈتۈن زاۋۇت بويىچە ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىكەن، كۆپچىلىكنىڭ كىرىمىمۇ ئېشىپتۇ. تۇرسۇنىسانىڭ يېڭى شەيئىلەرنى قوبۇل قىلىش ئىقتىدارى كۈچلۈك بولغاچقا، كارخانىمۇ ئۇنى كۈچەپ تەربىيەلەپ، ئۇنىڭ يەنىمۇ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە ياردەم بېرىپتۇ.

كەچقۇرۇن، مۇخبىر ئىشتىن چۈشكەن تۇرسۇنىسا بىلەن بىللە ئۆيىگە قايتتى. ئۇنىڭ ئۆيى پاكىز، رەتلىك بولۇپ، ھويلىسىغا ھەر خىل مېۋىلىك دەرەخ تىكىلگەن ۋە كۆكتاتلار تېرىلغان ئىكەن، شاپتۇل، ئۆرۈك دەرەخلىرى مېۋە بېرىپتۇ. لازا، شوخلىلارمۇ ناھايىتى ياخشى ئۆسۈۋېتىپتۇ. «مېۋىلەرنى كۆرگىنىمدە كەيپىياتىم شۇنداق ياخشى بولۇپ قالىدۇ، ئەجىر قىلسا ھوسۇل ئالغىلى بولىدىكەن، كەلگۈسىمىز چوقۇم تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ» دېدى ئۇ.